سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر

يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق يىللىرى

# سوتسىيالىستىك قانۇنچىل دۆلەت قۇرۇشنى تېزلىتىش

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسى (چى شېڭ) 2014 - يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا دائىر بىر قانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللىنىپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلىدى، بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق تارىخىدا ئابىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

«قارار»دا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى ۋە مۇھىم كاپالىتى، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى بولۇپ، پارتىيەمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك، خەلقنىڭ بەختلىك، ئامان ۋە سالامەت بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنى مەۋقەنى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشى ساھەسىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، بىرىنچى قېتىم مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنىدا قارار قىلىش شەكلىدە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشقا قارىتا مۇھىم، زور تەدبىر بەلگىلىدى.

«قارار»دا، بايراق روشەن ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنىڭ باش نىشانى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىل دۆلەت قۇرۇش ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. «قارار»دا قانۇننى ئىلمىي چىقىرىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈش، ئومۇمىي خەلق قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىش قوشۇنى قۇرۇلۇشى، پارتىيەنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا قارىتا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم، زور نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرگە سىستېمىلىق جاۋاب بېرىلدى، بۇ، يېڭى ۋەزىيەتتە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتىكى پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق دۆلەت قۇرۇلۇشىدا «تېز ئىلگىرىلەش كۇنۇپكىسى»نى بېسىپ، «تېز ئىلگىرىلەش يولى»دا مېڭىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى پۇختا قانۇنچىللىق كاپالىتىگە ئىگە قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

# چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا چەكلەنگەن رايون يوق، تولۇق قاپلىنىدۇ، قەتئىي يول قويۇلمايدۇ

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تېلېگراممىسى (چى شېڭ) 2014 - يىلى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى جوۋ يۇڭكاڭغا پارتىيەدىن قوغلاش جازاسى بېرىشنى قارار قىلىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پارتىيە چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاشتا «دافۇغا جازا بەرمەيدۇ» «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا چەكلەنگەن رايون بار» دېگەن تەسەۋۋۇرى ۋە ئەندىشىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

چىرىكلىك جەمئىيەتتىكى زەھەرلىك ئۆسمە، پارتىيەمىز دۈچ كەلگەن ئەڭ چوڭ تەھدىت. خەلق ئاممىسى چىرىكلىك ھادىسىسىدىن ئەڭ نەپرەتلىنىدۇ. ئەگەر چىرىكلىك مەسىلىسىنىڭ بارغانسېرى يامىرىشى مەيلىگە قويۇپ بېرىلسە، ئەڭ ئاخىرىدا مۇقەررەر ھالدا پارتىيەنى، دۆلەتنى تۈگەشتۈرىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «يۈزلىگەن - مىڭلىغان چىرىك ئۇنسۇرنى رەنجىتمەيمىز دېسەك، 1 مىليارد 300 مىليون خەلقنى رەنجىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ بىر ئەڭ چوڭ شىنشىلىك سىياسىي ھېسابات، كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلىش - مايىل قىلالماسلىق ھېساباتى!»

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كۈچلۈك دورا بېرىپ جاھىل كېسەلنى داۋالايدىغان، قاتتىق جازالاپ قالايمىقانچىلىقنى تۈزەيدىغان ئىرادە، سۆڭەكنى قىرىپ يارىنى داۋالايدىغان، كەسكىن ئىش كۆرىدىغان جاسارەت بىلەن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا چەكلەنگەن رايون بولماسلىق، تولۇق قاپلاش، قەتئىي يول قويماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي «يولۋاسنى يوقاتتى» «چىۋىننى يوقاتتى» «تۈلكىنى ئوۋلىدى». 18 - نۆۋەتلىك جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئۆلكە باشلىقى، جۈنجاڭ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيەلىك كادىرلار ھەم باشقا مەركەز باشقۇرىدىغان كادىرلاردىن 440 كىشىنى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى تەستىقلاپ، جوۋ يۇڭكاڭ، بو شىلەي، گو بوشيۇڭ، شۈ سەيخۇ، سۇن جېڭسەي، لىڭ جىخۇانىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى يېپىلغاندىن تارتىپ 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەركەز باشقۇرىدىغان 77 كادىر دېلو تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈلدى. چىرىكلىشىشكە پېتىنالماسلىق نىشانى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇلدى، چىرىكلىشەلمەسلىك قەپىسى بارغانسېرى مۇستەھكەملەندى، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇش توسمىسى ياسىلىۋاتىدۇ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە مۇتلەق غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى.

پارتىيەمىزنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشى ھەرگىزمۇ ئادەمگە قاراپ قورۇما تەييارلايدىغان «بايلىق ۋە مەرتىۋىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان دۇكان» ئەمەس، ھوقۇق ۋە مەنپەئەت تالىشىدىغان «قارتا ئويناش ئۆيى» ئەمەس، سېلىپ تېخى پۈتتۈرۈلمىگەن «تاشلاندۇق بىنا»مۇ ئەمەس. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ، مۈشكۈل ۋەزىپە، يېتەرلىك بولدى، ئەمدى بىرئاز تىنىۋالساق، ئارام ئېلىۋالساق بولىدۇ دەيدىغان خىيالدا بولۇشقا بولمايدۇ، جەزمەن چەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىش، يۇقىرى بېسىمنى كۈچەيتىش، ئۇزاققىچە چۆچۈتۈشتە چىڭ تۇرۇپ، زاپاس مىقدارىنى كۆچەپ ئازايتىپ، ئېشىش مىقدارىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، پارتىيە ئۆزى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ ئىنقىلابنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئاداققىچە ئېلىپ بېرىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇتلەق غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەپ، راۋاجلاندۇرۇپ، بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق تىنچ، ئاسايىشلىق، سىياسىيسى پاك، ئوچۇق ۋەزىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

# يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تېلېگراممىسى (چى شېڭ) 2015 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 13 - بەش يىللىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى» ماقۇللاندى. «تەكلىپ»تە مۇنداق تەكىتلەندى: «13 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەرەققىياتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، تەرەققىيات ئەۋزەللىكىنى زورايتىش ئۈچۈن، جەزمەن ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەممىبەھرە تەرەققىيات ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇش كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئومۇمىي يىغىندا يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر شەرھلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ بەش چوڭ تەرەققىيات ئىدىيەسى ئاساسسىز بارلىققا كەلگەن ئەمەس، ئۇ دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تەرەققىيات تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى چوڭقۇر يەكۈنلەش ئاساسىدا شەكىللەنگەن، شۇنداقلا دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، پارتىيەمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىكى گەۋدىلىك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئىجادىي تەرەققىي قىلىشتا تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ماس تەرەققىي قىلىشتا تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، يېشىل تەرەققىي قىلىشتا ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناقلىقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئوچۇق تەرەققىي قىلىشتا تەرەققىياتنىڭ ئىچكى - تاشقى ھەمتۈرتكىلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ھەممىبەھرە تەرەققىي قىلىشتا جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە پارتىيەنىڭ تەرەققىيات نەزەرىيەسىگە ۋارىسلىق قىلىنىپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانداق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش، تەرەققىياتنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش مەسىلىسىگە ئىلمىي جاۋاب بېرىلدى، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى چوڭقۇر كۆرسىتىپ بېرىلدى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي - ئىقتىسادشۇناسلىقنىڭ يېڭى مەنزىلى ئېچىپ بېرىلدى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى يەنىلا دۇنيادىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبەسى ۋە مۇقىملاشتۇرغۇچقا ئايلاندى.

2017 - يىلى 11 - ئايدا، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىي تەدبىرىگە كىرگۈزۈلدى. 2017 - يىلى 12 - ئايدا ئېچىلغان مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىقتىساد ئىدىيەسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# خۇاڭ رۇخاڭ: تۇتقۇنلارنى قۇتقۇزۇپ، بۇلاڭچى باندىت بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىش

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجوۋ، 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى شيۇڭيىڭ، ماۋ شىن) گۇاڭدۇڭ ساقچى ئوفىتسېرلار شۆيۈەنىدە، قەھرىمان خۇاڭ رۇخاڭنىڭ مىس ھەيكىلى ھازىرمۇ مەكتەپ ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ساقچى مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭدىن ئۆگەنمەكتە.

خۇاڭ رۇخاڭ 1969 - يىلى تۇغۇلغان، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ گاۋياۋ ناھىيەسىدىن. 1989 - يىلى، خۇاڭ رۇخاڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك خەلق ساقچىلىرى مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى فوشەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ 9 - بۆلۈمىدە رازۋېدكىچى بولغان.

خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، خۇاڭ رۇخاڭ ئۆز خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈپ، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، تېخنىكىلىق رازۋېدكا خىزمىتىدىكى كۆپكە ماھىر ساقچىغا ۋە كەسپىي تايانچقا ئايلانغان. ئۇ باتۇر، قەيسەر، زېرەك، كەسكىن بولۇپ، كۆپ قېتىم خەۋپ - خەتەرگە قارىماي جىنايەتچى ئۇنسۇرلار بىلەن ئېلىشىپ، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي قوراللىق قاتىللارنى قورشاپ تۇتۇش جېڭىگە قاتنىشىپ، ۋەزىپىنى قالتىس ئورۇندىغان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەمئىي 198 مۇھىم، زور دېلونى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىشقا قاتنىشىپ، سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان تۈرلۈك جىنايەتچى ئۇنسۇردىن 147نى تۇتۇپ، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن.

1995 - يىلى 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كەچتە، بۇلاڭچى باندىتلارنى قورشاپ يوقىتىش، تۇتقۇنلارنى قۇتقۇزۇش جېڭىدە، خۇاڭ رۇخاڭ سەپداشلىرىنىڭ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھايات - ماماتىغا قارىماي، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇ سەپداشلىرى ئالدى ۋە كەينى تەرەپتىن دۈشمەنگە ئۇچراش، نەق مەيداندىكى ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچراشتەك خەتەرلىك پەيتتە، جان پىدالىق بىلەن قوراللىق جىنايەتچىگە ئېتىلىپ بېرىپ، جىنايەتچىنىڭ بوينىنى چىڭ قىسىپ، جىنايەتچى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقاندا، بەختكە قارشى ئوق تەگكەن. يەرگە يىقىلغاندىن كېيىن، خۇاڭ رۇخاڭ يەنىلا قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، قەيسەرلىك بىلەن تاپانچىسىنى ئىككى قېتىم جىنايەتچىگە تەڭلىگەن، لېكىن ماغدۇرى تەپكىنى بېسىشقا يەتمەي يەنە يىقىلغان. قەبىھ جىنايەتچى ئۇنىڭغا قارىتىپ يەنە ئارقا - ئارقىدىن ئىككى پاي ئوق ئاتقان. سەپداشلىرى ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ ئوق چىقىرىپ، جىنايەتچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. يولداش خۇاڭ رۇخاڭ قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

1995 - يىلى 7 - ئايدا، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى خۇاڭ رۇخاڭنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلدى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ تولۇقلاپ نام بەردى.

فوشەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى مۇنداق دېدى: خۇاڭ رۇخاڭ ئۇچىغا چىققان ياۋۇز بۇلاڭچى باندىت ئالدىدا، خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، سەپداشلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن بەختكە قارشى ئوق تېگىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى، شۇ يىلى ئۇ تېخى 26 ياشتا ئىدى. ئۇ ئۆمۈر بويى سادىق بولۇپ، كەسپىگە ھۆرمەت قىلىپ، تىرىشچان، باتۇر بولۇپ، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، رازۋېدكا بىرىنچى سېپىدە جەزمەن غەلىبە قىلىش ئېتىقادى ۋە كۈچلۈك ماھارىتى بىلەن، ھەققانىيەت رەزىللىكنى يېڭىدىغان نۇرغۇن زەپەر مارشىنى ياڭراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى ئارقىلىق، خەلق ساقچىلىرىنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى نامايان قىلىپ، خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىسىنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلدى.

# تور بوشلۇقى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى (چى شېڭ) 2015 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئالاقە تورى يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ ھەم ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلەپ، تور بوشلۇقىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق پائالىيەت بوشلۇقى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، تور بوشلۇقى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىشنى مۇراجىئەت قىلىپ، يىغىنغا قاتناشقان ئەزىز مېھمانلارنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىنى قوزغىدى.

2014 - يىلى 11 - ئايدا، تۇنجى نۆۋەتلىك دۇنيا ئالاقە تورى يىغىنى جېجياڭ ۋۇجېندا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ، جۇڭگو ئۆتكۈزگەن كۆلىمى ئەڭ زور، قاتلىمى ئەڭ يۇقىرى ئالاقە تورى يىغىنى، شۇنداقلا دۇنيا ئالاقە تورى ساھەسىدىكى بىر قېتىملىق مىسلى كۆرۈلمىگەن داغدۇغىلىق يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلار يىغىنى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر يىلى بىر نۆۋەت ئېچىلىدىغان دۇنيا ئالاقە تورى يىغىنىنىڭ ھەممىسى ۋۇجېندا ئۆتكۈزۈلۈپ كەلدى.

2 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئالاقە تورى يىغىنىدا، شى جىنپىڭ يەرشارىۋى ئالاقە تورى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئۆزگەرتىشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى «تۆت تۈرلۈك» پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنى تور ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، تىنچلىق، بىخەتەرلىكنى قوغداش، ئوچۇق ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ياخشى تەرتىپ ئورنىتىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تور بوشلۇقى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشتىكى «بەش نۇقتىلىق تەشەببۇس»نى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنى يەرشارىۋى تور ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ توردا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش سۇپىسى بەرپا قىلىپ، ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ تور ئىقتىسادىدا يېڭىلىق يارىتىش، تەرەققىي قىلىشتا تۈرتكە بولۇپ، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ تور بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىپ، تەرتىپلىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئالاقە تورى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ بۇ «تۆت تۈرلۈك پرىنسىپ» ۋە «بەش نۇقتىلىق تەشەببۇس» يىغىنغا قاتناشقان ئەزىز مېھمانلار ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، ئىجادىي پىكىر بېرىدىغان ئەڭ كەڭ سۇپا ۋە ئاساسقا ئايلىنىپ، دۇنيا ئالاقە تورىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن جۇڭگو ئەقىل - پاراستى ۋە جۇڭگو لايىھەسىنى تەقدىم قىلدى.

يىغىن مەزگىلىدە، ئالاقىدار ئالاقە تورى كارخانىلىرى، ئاپپارات، تەشكىلاتلار زور بىر تۈركۈم ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، كۆپ تۈرلۈك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. يىغىن يۇقىرى دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر مەسلىھەت بېرىش كومىتېتىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئېلان قىلىنغان ۋۇجېن تەشەببۇسى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ تور بوشلۇقى قۇرۇلۇشى، تەرەققىياتى ۋە ئىدارە قىلىش تۈزۈمىدە يېڭىلىق يارىتىش، باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىش، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتا تۈرتكە بولۇش ئارزۇسى ۋە مەسئۇلىيىتىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تور بوشلۇقى ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئورتاق بەھرىلىنىش، ئورتاق ئىدارە قىلىشتىكى ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا ئالاقە تورى تەرەققىياتى ۋە ئىدارە قىلىش ساھەسىدىكى مۇھىم نەتىجىگە ئايلىنىپ، «ئالاقە تورى تارىخىدىكى ئابىدە» دەپ تەرىپلەندى.